# قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ چىڭخەيدىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى ۋە «13 ـ بەش يىللىق» مەزگىلدىكى تەرەققىياتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، چىڭخەيدىكى يولداشلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش يارىتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى چىڭخەيىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت جەزمەن چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك، ياخشى تۇتۇشقا تېگىشلىك خىزمەت. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. چىڭخەيىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە بايلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۇنياۋى تۈزكۈل كەسىپلەر بازىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەت پاكىز ئېنېرگىيە كەسىپ ئېگىزلىكى، خەلقئارا ئېكولوگىيە ساياھەت مەنزىلى، يېشىل ئورگانىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىش ئورنى بەرپا قىلىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايلانما تەرەققىيات ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىڭخەي دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، مىللەتنىڭ مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىياتىدا مۇھىم، زور مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالغان، جەزمەن ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئۈچ دەريا مەنبەسىنى قوغداش، «جۇڭخۇا سۇ مۇنارى»نى قوغداشتەك مۇھىم، زور بۇرچنى ياخشى زىممىگە ئېلىپ، دۆلەتكە، مىللەتكە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بۇ يىللاردىن بۇيان، چىڭخەي ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ئېكولوگىيەنى قوغداشنى باش ئورۇنغا قويۇش ئېكولوگىيەنى قوغداشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى گەۋدىلەندۈردى. زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش، قوغداش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيە ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئېكولوگىيە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزەپ، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسى ئورنىتىش جەھەتتە ئالدىدا مېڭىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى مەڭگۈ چىڭخەيىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىپتىخارىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلققە بەخت يارىتىش، ئەۋلادلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، باللارنى ھاۋالىلىك بېقىش، تۇرالغۇ قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ ئومۇملىشىش ۋە باراۋەرلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ رايون ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي يېزا ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈپ، گۈزەل، ياشاشقا باب كېلىدىغان، كەسىپلەر گۈللەنگەن، كىشىلەر ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا ـ كەنت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىۋى بىخەتەرلىكتىكى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى پۇختا تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ بولدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە، قىزىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا يولدىن ئاداشماسلىق، جاپالىق كۈرەش ئالدىدا ئارقىغا چېكىنمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەتتە پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدۇ»غانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكى قاتارلىق ئاساسىي داۋالارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، چېن شى، يۈۋ چۈەن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

# «زور ئاپەتتىن كېيىن چوقۇم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى يەتكۈزگەنىدى.

زور ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۈشۇلۇقلار خارابىلىك ئىچىدىن دەس تۇرۇپ، يۇرت ـ ماكانىنى تېزدىن قايتا قۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ئالتە شەھەر، ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2015 ـ يىلدىكى 2970 يۈەندىن ئېشىپ ھازىرقى 7000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، سوتسىيالىستىك يېڭى يۈشۇ قارلىق ئېگىزلىكتە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، «ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەپ، 20 يىل ھالقىش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

جاشى دوجېينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باش شۇجى مۇنداق بىلدۈردى: «مەن يۈشۇغا ئايروپىلان بىلەن بىۋاستە بارغانىدىم. شۇ چاغدا دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بىر كەنتكە باردىم، ئۇ جاي ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىكەن».

«يۈشۇ ئوبلاستىنىڭ ئورگىنىدا، مەن ئورگان كادىرلىرىغا ئىلھام بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلدىم. مەن مۇنداق دېدىم: زور ئاپەتتىن كېيىن چوقۇم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھىڭلار بولسىلا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى بولسىلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەرەپ ـ تەرەپتىن ياردەم بەرسىلا، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يۇرت ـ ماكانىنى قايتا قۇرسىلا، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر يېڭى يۈشۇ بارلىققا كېلىدۇ.» باش شۇجى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالدى.

«ھازىر يۈشۇنىڭ كوچىلىرى تېخىمۇ رەتلىك، پاكىز بولۇپ كەتتى، ئۆيلەر تېخىمۇ مۇستەھكەم سېلىندى، ئەتكەن چاي تېخىمۇ تەملىك بولۇپ كەتتى، بىز باش شۇجىنىڭ يەنە يۈشۇغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز، ۋاقتى كەلگەندە بىز پارتىيەگە، باش شۇجىغا يەنە بىر تاغ ناخشىسى ئېيتىپ بېرىمىز.» جاشى دوجېينىڭ سۆزلىرى يۈشۇ خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

«مەن يۈشۇنىڭ غېمىنى بەك يەيمەن، بۈگۈن سىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىڭىزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەن ئىشىنىمەنكى، يۈشۇ يەنە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ» دېدى باش شۇجى.

يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، كەلكۈندىكە تاقابىل تۇرۇشتىن يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش، نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلىشقىچە، زور ئاپەت، زور قىيىنچىلىقنىڭ سىنىقى، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقنىڭ چېنىقتۇرۇشى ھامان روھىي جەھەتتىكى تاۋلىنىش، يۈكسىلىشنى ئېلىپ كېلىدۇ، مانا بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىنىڭ كۈچ مەنبەسى.

«پەقەت غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى مۇستەھكەملىگەندىلا، ئاندىن بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلسىمۇ، بېلىق تۇتۇش سۇپىسىدا مەزمۇت ئولتۇرالايمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە چىڭخەيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل بايلىق ــ جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسى خاتىرە سارىيى، يۈشۇ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خاتىرە سارىيى، بەنما قىزىل ئارمىيە جىلغىسى خاتىرە سارىيى، شىنىڭ شەھىرى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا يولدىن ئاداشماسلىق، مۈشكۈل كۈرەش ئالدىدا چېكىنمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەزا بادەمارا مۇنداق دېدى: ئۆتكەنكى بەش يىلدا، دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە تەستە قولغا كەلگەن مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسى ئىنسانىيەت تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جۇڭگو ئىپتىخارى دەپ تېخىمۇ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملىشىمىز، ئاممىنىڭ كۈچىنى توپلىشىمىز كېرەك.

ئەزا جيا دېيەنزېڭ مۇنداق دېدى: كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش «قان بېرىش شەكلىدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»نى «قان ئىشلەش شەكلىدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»كە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق تۇتقا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى كەسىپلەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېڭىچە سانائەتلىشىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، سېلىنمىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى ۋە رەڭلىك مېتال كەسپىنى كۈچەيتىشنى قوللاپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمچانلىقى زور، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى بېرىمەن.

ئەزا ئىلزات زادە مۇنداق دېدى: ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى كۆپەيتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاستە بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شەكلى. ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا زور ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى زورايتىپ، ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى تۇرۇپ قالالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، كىرىم قىلالايدىغان قىلىپ، كېيىنكى قەدەمدە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا يېڭى تۆھپە قوشۇش تەكلىپىنى بېرىمەن.

ئەزا مى ئېنخۇا شىنجاڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. قەشقەرنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەشيا ئوبوروتى تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئەزا گۇەن فاڭفاڭ مۇنداق دېدى: مائارىپ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، پارتىيەنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، بۇ يىل تېخىمۇ ئادىل، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركەزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى. پەن قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربىي قىسىمدىكى ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىۋى سەھىيە بويىچە ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش، ھۆكۈم قىلىش، تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ۋە ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى بىلەن تەربىيەلەش ـ مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇل شارائىتىنى ياخشىلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئېغىر، چوڭ كېسەل ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سالمىقىنى زورايتىپ، تېببىي دورا ـ سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى جۇڭيى تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، تېببىي خىزمەتچىلەرگە بولغان قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراشنى كۈچەيتىپ، ساغلام شىنجاڭ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مائارىپنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مائارىپنىڭ ئىجادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ قوشۇنىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاياللار ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاياللار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ، كەڭ ئاياللارنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە باش قەھرىمانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئۇلۇغ ئىشنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن، ئارزۇغا ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقامەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.